## 223528 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار، جىنلار ۋە ئۇلاردىن باشقا بارلىق مەخلۇقاتلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنمۇ؟

### سۇئال

مەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىمانىي تەكلىپ بىرىلگەن ھاياتلىقتىكى بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارغا ئۆزىنىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتتى دەپ بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى بارلىق مەخلۇقاتلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى دەپ ئېتىقاد قىلىش زۆرۈر بولامدۇ؟، چۈنكى مەخلۇقات دىگەن ئىنسان ۋە جىنلاردىن باشقا بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

ئىككىنچى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئىنسانلار ۋە جىنلار بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن، بەلكى ئۇنىڭ ئەلچىلىكى ئۆز زامانىدىكى ۋە كېيىنكى زاماندىكى بارلىق ئىنسانلار ۋە جىنلارغا ئومۇمدۇر، لېكىن بۇ قاچانغىچە داۋام قىلىدۇ؟، قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىنىڭ تۇنجىسى ئاشكارا بولغانغا قەدەرمۇ ياكى قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەرمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بىرىنچى: بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان مۇتەۋاتىر خەۋەرلەرگە كۆرە، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ "پەتىۋالار مەجمۇئەسى"  4 ـ توم 204 ـ بەت ۋە 11 ـ توم 303 ـ بەتكە قارالسۇن.

پەرىشتىلەرگە كەلسەك، كۆپچىلىك ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا كۆرە، مۇھەممەد  ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلمىگەن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى، پەرىشتىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلمىدى". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى"  12 ـ توم 221 ـ بەت.]

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ  "نۇبۇۋۋات"  ناملىق ئەسىرى 2 ـ توم 232 ـ بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەت چوقۇم ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئادىتىدىن تاشقىرى بولغان بىر مۆجىزە بولۇشى كېرەك، ئۇ مۆجىزىنىڭ پەرىشتىلەر قادىر بولالمايدىغان نەرسىدىن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇلار يەنى پەيغەمبەرلەر

پەرشتىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلمىدى".

بۇنىڭغا ئاساسەن: ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى بارلىق مەخلۇقاتلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى دېگەن سۆز توغرا ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام پەرشتىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلمىدى، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەقلى بولمىغان باشقا مەخلۇقاتلارغىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلمىدى، چۈنكى ئەقىلسىز مەخلۇقاتلار دېگەن رەببانى شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلمىغان، ھەتتا ئاللاھ تائالا ئەقىلسىز مەخلۇقاتلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ياكى باشقا مەخلۇقاتلاردىن بىرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسىمۇ بەربىر ئۇلارنىڭ ئەقلى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن تەكلىپكە بۇيرۇلمايدۇ. ئاللاھ تائالا تەكلىپكە سالاھىيەتلىك بولغان پەقەتلا ئىنسانلار ۋە جىنلاردۇر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن.

ئىككىنچى: ئىنسان ۋە جىننىڭ كاپىرلىرىدىن باشقا بارلىق مەخلۇقاتلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ توغرىدا جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ۋە جىننىڭ ئاسيلىرىدىن باشقا، ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىدىكى ھەر قانداق نەرسە مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى14333 ـ ھەدىس].

مۇسنەدنى تەھقىق قىلغۇچىلار بۇ ھەدىسنى سەھىھ دېگەن. تەبرانىدا: «ئىنسان ۋە جىننىڭ كاپىرلىرىدىن باشقا... » دەپ كەلگەن.

ئۈچىنچى: پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئىنسان ۋە جىنلارغا بولغان ئەلچىلىكى، ئاللاھ تائالا زېمىن ۋە زېمىن ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى يوق قىلىپ تاكى قىيامەت بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتقىچە ياشىغان بارلىق ئىنسان ۋە جىنلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئىشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان.

لېكىن كۈن مەغرىپتىن چىققاندا ئەمەل دەپتىرى يېپىلىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا قىلغان ئەمەلنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا ئىشىنىپ ياخشى ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ، كۈن مەغرىپتىن چىققان ۋاقىتتا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: هَلْ يَنْظُرُونَ إِلَّا أَنْ تَأْتِيَهُمُ الْمَلَائِكَةُ أَوْ يَأْتِيَ رَبُّكَ أَوْ يَأْتِيَ بَعْضُ آيَاتِ رَبِّكَ يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ آيَاتِ رَبِّكَ لَا يَنْفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا تەرجىمىسى: «ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ». [سۈرە ئەنئام158 ـ ئايەت].

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇياش مەغرىپتىن چىقمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ، كۈننىڭ مەغرىپتىن چىققانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ئىمان ئېيتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ

ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.